Community Resilience to Foreign Interference

National Cyber Security Centre

# توردا بىخەتەر بولۇش

## نېمە ئۈچۈن تور بىخەتەرلىكى مەن ئۈچۈن مۇھىم؟

ئىنتېرنېت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۇپىلار بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ئۈچۈرلارنى ھەمبەھىرلىشىمىزگە، دوستلىرىمىز ۋە ئائىلىگىزدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، جىنايەتچىلەر ۋە باشقا قانۇنسىز تەشكىلاتلارمۇ ئۇلارنى ئىشلىتىپ پۇلىڭىزنى، ئۈچۈرلىرىڭىزنى ئالماقچى ياكى سىزنى قورقۇتماقچى بولىدۇ.

ئۇلار دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدىن مەشغۇلات قىلالايدۇ، كۆپ قىسىم تىللارنى راۋان سۆزلىيەلەيدۇ ۋە قايىل قىلارلىق ساختا تور بېكەتلەرنى قۇرالايدۇ . ئۇلار ئېلېكترونلۇق خەت، ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ۋە قىسقا ئۇچۇر ئارقىلىق سىز بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، ئۇلار سىزنى قورقۇتۇش ياكى تەشۋىشلىنىشكە تىرىشىدۇ، شۇڭا ئېنىق ئويلىمايسىز.

بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ تەييارلىق قىلىشىڭىزۋە ئۇلارنىڭ قوللانغان ھىيلە-مىكىرلىرىنى ھەر ۋاقىت بىلىشىڭىز كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## توردا ئۇچرايدىغان بەزى ئورتاق مەسىلىلەر قايسىلار؟

بۇلار ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋاللار:

- **ئۇلىنىشنى چېكىشنى تەلەپ قىلىدىغان گۇمانلىق ئېلېكترونلۇق خەت ياكى قىسقا ئۇچۇرغا ئېرىشىسىز.**
بۇ ئۇلىنىشلار دائىم كىرىش ياكى مالىيە ئۇچۇرلىرىڭىزنى ئوغرىلاش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن ساختا تور بەتلىرىگە تۇتۇشىدۇ.

- **شەخسىي ئۇچۇرلارنى سورايدىغان گۇمانلىق تېلېفونغا ئېرىشىسىز.**
يۇقىرىدىكىدەك تېلېفون ئۇرغۇچى بانكىڭىزدىن كەلگەندەك قىلىپ ئۇچۇر سورايدۇ.

- **ھوقۇقداردەك ياسىنىۋالغان بىرى سىز بىلەن ئالاقىلىشىپ، سىزنى بىرەر ئىش قىلىشقا ئۇرۇندۇ. ھوقۇقداردەك**
ھەمىشە ئۇكىشى مەلۇم خىل تەھدىدلەرنى پەيدا قىلىدۇ

- **بەزىلەرسىزنىڭ بىر ياكى بىر نەچچە تور ھېساباتىڭىزغا كىرىدۇ (مەسىلەن: ئېلېكترونلۇق خەت ياكى ئىجتىمائىي ئالاقە تورى)**
ئەگەر باشقىلار تور ھېساباتىڭىزغا كىرسە، ئۇلار سىزنىڭ ئۇچۇرلىرىڭىزنى ئوغرىلايدۇ، پۇل تۆلەيدۇ ۋە سىزدەك بولىۋېلىپ دوستلىرىڭىز ياكى ئائىلىگىزدىكىلەرنى نىشانلايدۇ.

- **ئىناۋەتلىك كارتىڭىزنىڭ تەپسىلاتلىرى ئوغرلىندۇ، ياكى ساختا سېتىش ياكى مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئالدامچىلىق قىلىندۇ.**
ئالدامچىلار سىزنىڭ ياخشى سودىنى كۆرۈشكىزنى ۋە ئويلىمايلا پۇل تۆلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ ياكى ھەقىقىي تور بېكەت سانلىق مەلۇماتقا خىلاپلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ، تەپسىلاتلىرىڭىز توردا ئاشكارلىنىشى مۇمكىن.

بۇ يەردە تېخىمۇ كۆپ سىنارىيەلەر بار: [ھازىر ياردەمگە ئېرىشىك - تورىڭىزغا ئىگىدارچىلىق قىلىك](#)

## قانداق قىلغاندا توردا بىخەتەر تۇرالايمەن؟

### ئۇزۇن ھەم ئۆزگىچە مەخپىي نومۇر.

- مەخپىي نومۇر قانچە ئۇزۇن بولسا شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.
- تۆت داۋاملىق ئىشلىتلمەيدىغان سۆزلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق (مەسىلەن: ئۈچ بۇرجەك، رىنو، مەشغۇلات، ئاياغ) ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا سان، چوڭ ھەرپ ۋە بەلگىلەرنى قوشۇش ئارقىلى16 دىن ئارتۇق ھەرپتىن .ئۇنتۇلغۇسىز مەخپىي نومۇر ياساڭ.
- مۇھىمى، مەخپىي نۇمۇرىڭىزنى تەكرارلىماڭ .ئەگەر جىنايەتچى سىزنىڭ مەخپىي نۇمۇرىڭىزنى بىرنى ئالسا، ئۇلار باشقا ھېساباتلىرىڭىزنىمۇ سىناپ كۆرىدۇ.
- مەخپىي نۇمۇر باشقۇرغۇچىنى ئىشلىتىپ مەخپىي نۇمۇرىڭىزنى ئەستە ساقلىيالايسىز ۋە يېڭى مەخپىي نۇمۇر قۇرالايسىز.
- [ياخشى مەخپىي نۇمۇر قۇرۇڭ – تورىڭىزغا ئىگىدارچىلىق قىلىڭ](#)

### ئىككى ئاملىق دەلىللەشنى ئىشلىتىڭ.

- بۇ قوشۇمچە ئۇچۇرلار – ئادەتتە تېلېفونىڭىزدىكى كود – توربېكەتكە كىرىشىڭىزگە كېرەك بۇلىدۇ.
- بۇ تېخنىكا ئاجايىپ كۈچلۈك بولۇپ، ھېساباتىڭىزغا كىرمەكچى بولغان نۇرغۇن ئۇرۇنۇشلارنى توختىتالايدۇ.
- بۇنى قوللايدىغان «دەلىللەش دېتالى» نى ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.
- [ئىككى ئاملىق دەلىللەشنى ئىشلىتىڭ (2FA) – تورغا ئىگىدارچىلىق قىلىڭ](#)

### توردا شەخسىي ھالەتتە تۇرۇڭ.

- ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا بىخەتەرلىكنى ساقلاشنىڭ ئەڭ ياخشى تاللىشى مەخپىيەتلىك تەڭشەكلىرىڭىزنى قوزغىتىش.
- بۇ تور جىنايەتچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى كىشىلەرنى سىزنىڭ يازمىلىرىڭىزنى كۆرۈشتىن ياكى سىزگە ئۇچۇرئەۋەتىشتىن توسايدۇ.
- يەنىلا ئۆزىڭىز، ئائىلىڭىز ياكى دوستلىرىڭىز توغرىسىدىكى شەخسىي ئۇچۇرلارنى يوللاشقا دىققەت قىلىڭ.
- ئالاقىداشلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈڭ.

- ساختا دوستلارنىڭ قۇشۇلۇش تەلىپىگە دىققەت قىلىڭ .ئۆزىڭىزنى ژۇرنالىست ياكى سىز تونۇمايدىغان باشقىلار دەپ دەۋا قىلغانلاردىن ئېھتىيات قىلىڭ.
- توردىكى مەخپىيەتلىكىڭىزنى قوغداڭ – توربېكىتىمىزغا ئىگىدارچىلىق قىلىڭ

### ھەممە نەرسىلەرنى يېڭىلاپ تۇرۇڭ.

- تېلېفونىڭىز، كومپيۇتېرىڭىز ياكى يۆتكىلىشچان ئۈسكۈنىلىرىڭىزنى يېڭىلىسىڭىز، بىخەتەرلىكتە بولۇشى مۇمكىن بولغان ئەھۋاللارغا مۇچىتىلىدۇ.
- يۇمشاق دېتال تەشكىل قىلىدىغان يوللارنى ئىزدەۋاتىدۇ ۋە ئاجىز يوچۇقلارنى يېڭىلاپ ئوڭشاۋاتىدۇ.
- ئۈسكۈنىلىرىڭىزنى دائىم قايتا قوزغىتىڭ.
- يېڭىلانمىلىرىڭىزنى ساقلاڭ – توربېكىتىمىزغا ئىگىدارچىلىق قىلىڭ

### ئالدامچىلىققا دىققەت قىلىڭ.

- ئەڭ ياخشى تەكلىپ شۇكى، بۇ ئالدامچىلىقلاردىن خەۋەردار بولۇڭ ۋە ئۇلارغا دىققەت قىلىڭ.
- ئەگەر بىرەر ئىش خاتادەك بولسا، سىز بىلەن ئالاقىلاشقان ئادەم بىلەن ئالاقە قىلماڭ .بولۇپمۇ ئۇلار دوستانە كۆرۈنسىمۇ پۇل سورىسا ئېھتىيات قىلىڭ.
- غەلىتە ئۇلىنىش ۋە ئېلېكترونلۇق خەت ئادرېسلىرىغا دىققەت قىلىڭ.
- (مەسىلەن: بانكىڭىز سىزگە gmail ھېساباتىدىن ئېلخەت ئەۋەتمەيدۇ)
- *تېكىست ئۇچۇرلىرىدىكى ئۇلانمىلارنى ھەرگىز چەكمەڭ.*
- پەقەت ئەپلەرنى رەسمىي ئەپ دۇكىنىدىن ئۈسكۈنىڭىزگە چۈشۈرۈڭ.
- ئەگەر گۇمانلانسىڭىز ، سىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشقان تەشكىلات بىلەن ئالاقىلىشىڭ ھەمدە سىزگە ئەۋەتكەن ئۇلىنىشلارغا ياكى تېلېفون نومۇرلىرىغا ئەگەشمەڭ.
- ئۆزىڭىز ، مەھەللىڭىز ۋە سىز تەۋە بولغان گۇرۇپپىلارنىڭ تور بىخەتەرلىك خەۋپىدىن خەۋەردار بولۇشقا تىرىشىڭ.

### ئۇچۇرلىرىڭىزنى قوغداڭ.

- سىگنالغا ئوخشاش مەخپىيلەشتۈرۈلگەن ئۇچۇر ئەپلىرىنى ئىشلىتىڭ .بۇ ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۇچۇرلىرىڭىزنى ئوقۇشىدىن توسىدۇ.
- ئەگەر ئادرېس HTTPS دىن باشلانغان بولسا، توربېكەت بىلەن ئۇچۇرلارنى ئورتاقلىشىڭ. S «بىخەتەر» دېگەنلىك بولۇپ، سىز بىلەن تور بېكەت ئوتتۇرىسىدا ئەۋەتىلگەن ئۇچۇرلارنىڭ مەخپىيلەشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
- سانلىق مەلۇماتلىرىڭىزنى قوغدايدىغان ۋە ئورنىڭىزنى يوشۇرالايدىغان مەۋھۇم شەخسىي تور (VPN) ئىشلىتىشنى ئويلاڭ.

- ئەپلىرىڭىزنىڭ قايسى سانلىق مەلۇمات ۋە ئىجازەتلەرنى زىيارەت قىلىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈڭ .مەسلەن، بەدەن چېنىقتۇرۇش دېتالى سىزنىڭ ئالاقىلىرىڭىزنى زىيارەت قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق .

## ئالدامچىلىققا ئۇچرىسام ياكى ئەھۋال ئېغىرلاپ كەتسە قانداق قىلىمەن؟

بۇ يەردە ياردەم سورايدىغان نۇرغۇن جايلار بار .بۇ تەشكىلاتلارسىزنىڭ رۇخسىتىڭىزنى ئالماي تۇرۇپ، تەپسىلاتلىرىڭىزنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشمايدۇ.

سىز تور ۋەقەسىنى CERT NZ تور بېتى ئارقىلىق NCSC غا دوكلات قىلالايسىز، بىز سىزگە ياردەم بېرەلەيمىز ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورگان بىلەن ئالاقىلاشتۇرالايمىز: [ۋەقەنى دوكلات قىلىش | CERT NZ]

ئەگەر پۇلىڭىز يۈتۈپ كەتكەن بولسا، دەرھال بانكا بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

ئالدامچىلىق قىسقا ئۇچۇرلىرىنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى باشقۇرىدىغان مۇلازىمەت 7726 غا ھەقسىز يوللىغىلى بولىدۇ.